# ئۇيغۇر نەسرلەردىن تاللانما



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



# ئۇيغۇر نەسىرلىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: كېرەمجان ئابدۇرېھىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔作家散文集/克里木江·阿布都热依木编. —喀什:喀什维吾尔文出版社, 2006.3
ISBN 7—5373—1482—9

Ⅰ.维… Ⅱ.克… Ⅲ.散文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1267

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第025224号

责任编辑:穆罕穆德·阿布利孜·伯日亚尔
责任校对:拜合提亚尔· 加苏尔
技术编辑: 姑丽巴哈尔·麦麦提依明

# 维吾尔作家散文集

编者:克里木江·阿布都热依木

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 **毫米** 1/32 **开本** 11.5 **印张** 2 **插页**
2006 **年** 3 **第** 1 **版** 2006 **年** 3 **月第** 1 **次印刷**
**印数**:1 —— 3080 **定价**:20.00 **元**

---

如有质量问题请与我社联系调换 电话:0998—2653927

本集选录 31 名作家优秀散文。


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن


# ئۇيغۇر نەسرلىرىدىن تاللانما


نەشرگە تەييارلىغۇچى: كېرىمجان ئابدۇرېھىم

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080
*

---

ISBN 7 — 5373 — 1482 — 9
باھاسى: 20.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئەسىرلىك تەسۋىرى ………… 1
لۇتپۇللا مۇتەللىپ
ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق ………………… 24
«پادىشاھ سامۇرايلىرى» ئېغىر ھالسىرايدۇ ………… 29
ئابدۇرېھىم تىلەش ئۆتكۈر
دېڭىزدىن سادا……………………………………… 31
باش ئەگىمە ……………………………………… 33
شېئىر ۋە شائىر ………………………………… 36
ئىمىن تۇرسۇن
ئۇيغۇر يىگىتى …………………………………… 39
سەيپىدىن ئەزىزى
تۇنجى پويىز ئاۋازى ……………………………… 44
ۋاقىت ……………………………………………… 55
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن ئۈزۈندىلەر ……… 59
ئەخمەت ئىمىن
سادا ……………………………………………… 84
شۆھرەت…………………………………………… 98
نۇرمۇھەممەت توختى
نەسرلەر…………………………………………… 102
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم
ئاھ، بىر جۈپ كۆز………………………………… 108

ئانا يۈرىكى ........ 117
هاجى ئەھمەت كۆلتېگىن
ئۆلۈم سائىتىدە ........ 126
مۇختەر مەخسۇت
قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي ........ 129
ئەنەيتۇللا قۇربان
سەن چوقۇمۇ كۈمۈش يالاتقان؟ ........ 139
ئۇ باھار ئەلچىسى، نورۇز ھارپىسى ........ 140
ئانا تۇپراق — گۆھەر زېمىن ........ 148
ئويغانغان چۈش ........ 151
ئوسمان قاۋۇل
كۆيۈۋاتقان قۇياش ........ 158
ئابدۇقادىر جالالىدىن
چالا كۆيگەن رىسالە ........ 168
ئەركىن نۇر
توپانىستان ........ 173
نەسرلەر ........ 191
مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
ئىنساپ سودىگىرى ........ 206
چىرايلىق ئالۋاستى ........ 210
كونا تۈگمەن ........ 216
نورۇز بوۋاينىڭ ھەسرىتى ........ 220
ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى
مەن ۋە سايەم ........ 227
سۆيگىنىمگە دەيدىغان گەپلەر ........ 228
مۇز ئابىدە ........ 229
ئۇنتۇلغان شەھەر ........ 231
ئەنۋەر تاشتۆمۈر
ئوت ئىچىدىكى لەۋ ........ 233

ئوچۇق ئىشىك ........................................ 234
نەسرلەر ........................................ 236

دىلنۇر ئابلىز

يېشىل مۇھەببەت ........................................ 245
نورۇز رىۋايىتى ........................................ 250
تەلۋە ئاشىق ........................................ 252

بەگمەت يۇسۇپ

يازغۇچى ........................................ 256
ئەدەبىيات، بالىڭىز قېنى؟ ........................................ 260
مەن مۇھەررىردىن قورقمايمەن ........................................ 261

قۇربان ئەمەت

رەققاس چۈشى ........................................ 265

ئۆمەرجان سىدىق

رەڭدار سۈرەتلەر ........................................ 272
مۇقەددەس مۇھەببەت ........................................ 275

خالىدە ئىسرائىل

ئانا دەريانى ئىزدەپ ........................................ 279

مۇھەممەت باغراش

هايات ۋە مەن ........................................ 290

ئەختەم ئۆمەر

نەسرلەر ........................................ 297

ماخمۇتجان ئىسلام

ئاھ، قىزىلگۈل ........................................ 300
دەسلەپكى مۇھەببەت ........................................ 303

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

بالىلىرىمنىڭ ئانىسىغا ........................................ 306
بىر قىزغا سوئال ........................................ 309

ياسىنجان سادىق چوغلان

سۆيگۈ قەسىدىسى ........................................ 313

ئۈچ تال ئەتىرگۈل ........................................ 320
نوزۇرغا تىلەك ........................................ 325
ئابدۇكېرىم ئەخمەت
ئان ........................................ 330
ئەتىرگۈل ........................................ 334
ئابدۇرېشىت سەلەي
يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار ........................ 339
ئەمەت دەرۋىش
يالقۇنلۇق تۇيغۇلار ........................................ 344
تۇرسۇن مۇھەممەت
ئانىلار قەلبى ........................................ 355

# ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئەسىرلىك تەسۋىرى

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

### كېرىمجان ئابدۇرېھىم

XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىر ئەسىرلىك تارىخىي
تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە بىر
پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گەۋدىسىنىڭ ئىنتايىن بىر مۇھىم تەركىبىي
قىسمىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەدەبىياتشۇناسلىق
نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان ئەمەلىي مەسى-
لىلەر ئىنتايىن كەڭ بىر ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ قالدى. ئەمما،
نەسرچىلىكتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ساقلانغان مە-
سىلىلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ئېلىپ بېرىلغان
چوڭقۇرراق ياكى سىستېمىلىقراق تەتقىقاتقا ئېرىشەلمىدى. بۇ ئەسىر-
دە گەرچە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى مەيدانغا كېلىپ،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈر - ژانىرلىرى ھەققىدە نەزەرىيە،
تارىخ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى قاتارلىق تەرەپلەر بويىچە كۆزگە كۆرۈ-
نەرلىك، شۇنداقلا خېلى ھوسۇللۇق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بول-
سىمۇ، ئەمما نەسر ژانىرى ھەققىدە بۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقى-
قاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. ئالايلى، «نەسر» ھەققىدىكى چۈشەنچە

كونكرېتلاشتۇرۇلمىغاچقا ھەم ئۇنىڭ تەرجىمە ئارقىلىق مەيدانغا چىققان نەزەرىيىسىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىمىغاچقا، بۇ ژانىر ھېلىغىچە، ئۇنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان بىرەر ئىلمىي تەبىر بېرىلمىدى؛ نەسرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەنبەسى، تەرەققىيات مۇساپىسى، ھەرقايسى ئەدەبىيات دەۋرى، ئەدەبىيات باسقۇچلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆزگىرىپ، مۇكەممەللەشىپ بېرىش جەريانى قاتارلىقلار ھەققىدە تارىخىي تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى؛ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى سىستېمىلىق باھالانمىدى؛ نەسر ئىجادىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى شەكىللەندۈرگەن خاس خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلەرمۇ خۇلاسىلەنمىدى. ئۆزىنى قۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرىنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەش، مۇشۇ ئاساستا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى، نەسرچىلىك مەسىلىلىرىگە ئوخشاش مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىغا يەنىلا ئېتىبارسىز قارىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىكى نەسرچىلىككە دائىر تەتقىقاتلارغا تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ ماقالىمىزدە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن تونۇشلۇق بولغان، شۇنداقلا ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«نەسر» ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن «نەسر» دېگەن نېمە؟ دېگەن نەزەرىيىۋى مەسىلىنى ئايدىڭلاش-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «نەسر» چۈشەنچىسىنى يالغۇز ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ شەرھلەش، چۈ-
شەندۈرۈش ئىنتايىن قىيىن بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا،
ھازىرغىچە «نەسر» نىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ياكى ئۇنىڭ ئىجادىي-
يەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ھەرقايسى مىللەت-
لەر ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئىجادىيەتنى چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان
بىرەر نوپۇزلۇق تەبىر ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بۇنداق بولۇشىنى نەسر
ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ژانىرلاردىكى ئىجادىيەتكە قارىغاندا ناھايىتى زور
دەرىجىدىكى ئەركىن ئىجادىيەت ئىمكانلىكىدىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن. دېمىسىمۇ، نەسر ئەدەبىي ئىجادىيەت-
نىڭ ئەڭ ئەركىن شەكلى بولۇپ، تېما چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان،
قۇرۇلمىسى باشقا ھەرقانداق ئەدەبىي ژانىرلارنىڭكىدىن ئەركىن بول-
غان، نېمىنى يازسا، قانداق يازسا بولۇۋېرىدىغان، تۇرمۇش تەسىرات-
لىرىنى، ھايات ھەققىدىكى ئويلارنى، مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇھاكى-
مىلەرنى ياكى تەبىئەت ئاتا قىلغان تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي
مەزمۇن قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «نەسر» گە قانداق تەبىر بېرىش تەخىرسىز
بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەسرچىلىك تەتقىقاتىنى
تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، سىستېمىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر
نەسرنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، ئۇ شېئىردىن
باشقا ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ - دە، ئۇ ھالدا
يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى مەڭگۈتاش يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى،
ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا چىققان ھېكمەت - ھېكا-
يەت شەكلىدىكى يازمىلارنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەسرىي يول بىلەن
يېزىلغان بارلىق ئەسەرلىرىمىزنى نەسر كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ،
نەسرچىلىكىمىزنىڭ مەنبەسىنى يىراقلاردىن ئىزدەشكە مۇۋەپپەق بو-
لىمىز. ئەگەر نەسرنى تارراق مەنىدە ياكى قېلىپلاشقان بىر خىل

ئەدەبىي ژانىر سۈپىتىدە چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ شەكىللەنـ
گەن ۋە دەسلەپكى ھوسۇلغا ئېرىشكەن ۋاقتىنى XX ئەسىرنىڭ 40ـ
يىللىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتـ
ئىينەزەر، XX ئەسىر ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
نەسرچىلىكى شەكىللەنگەن ۋە نەسر ئىجادىيىتى مىسلىسىز گۈللـ
نىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گەۋدىسىدىكى ئاساسلىق ئەدەبىي ژانىرلارـ
نىڭ بىرىگە ئايلانغان دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
نەسرگە «شېئىرىي ئەسەرلەر، ئېپىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى
بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك، ھەم دراماتىك
ئەسەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرغان بىرـ
خىل ژانىرنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تەبىر
ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىـ
رىگە قەدەر ئوخشاش. ئەلۋەتتە، بۇ تەبىردە نەسرنىڭ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەننىڭ ئۈستىگە، بۇ تەبىر ئۇزاق يىلـ
لار ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلگەن بولغاچقا، نەسرنى شۇنداق ئۆگەنگەن
ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى نەسرنىڭ «چەكلىمىسىز،
ئەركىن» خۇسۇسىيىتىنى ئىجادىيەتتە جارى قىلدۇرالمىدى. بۇ ھال
ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز تەسىر پەيدا
قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بىزنىڭچە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ساھەسىدە نەسرنىڭ مەنىسى، تەبـ
رى، ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ھەم ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدـ
گە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكـ
تىپ رول ئوينايدىغان بىر نەزەرىيىۋى چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىـ
شى كېرەك.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىـ
كى 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، شۇنـ
داقلا گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى. بىزنىڭ
قارىشىمىزچە، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ

مەيدانغا چىقىشىغا سابىق سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە بىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇشلۇق بولغان سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» قاتارلىق نەسرلىرىنىڭ، سابىق سوۋېت يازغۇچى- سى گوركىينىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ دەستۇرى ھېسابلىنىدى- غان «بورانقۇش قوشىقى» ناملىق نەسرىنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. ئەمما كىشىنى ھەيران قال- دۇرىدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان نەسرلەر ئىچىدە، ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ھەللىمى پۈرىقى، لىرىكىلىقى، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك نەسرلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى گوركىينىڭ جەڭگىۋارلىقى، سىياسىي خاھىشى كۈچلۈك نەسرلىرى- نىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلغان. بىزنىڭچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە ئاساس سالغان كىشى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇت- پۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 40- يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «پادىشاھ ئامۇرلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم نەسرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يېڭى بىر ئەدەبىي ژانىر ھېسابلىنىدىغان نەسرچىلىككە ئاساس سالدى ھەم بۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇ يىللاردا يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگىم» قاتارلىق نەسرلەرنى يېزىپ، 40 - يىللاردىكى نەسر- چىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئاڭلىق ئىجادىيەت دەۋرىنى، شۇنداقلا تۇنجى گۈللەن- گەن دەۋرىنى ياراتتى. بۇ يىللاردا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللان- غان يازغۇچىلار يالغۇز يۇقىرىقى ئىككى ئەدىب بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل ژانىردىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن 40- يىللار

ئۇيغۇر نەسرچىلىكى تارىخىدىكى بىر قىممەتلىك گۈللىنىش مەزگىلى بولدى. بۇ يىللاردىكى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، نەسر ئىجادىيىتى بىرخىل ئاڭلىق ئىجادىيەت دەۋرىگە كىردى. ئەسەرلەردە نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ يىللاردىكى نەسرلەردە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قوللىنىلدى. فاشىزمغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشى، تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش مەقسىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇش، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قاتار كۈرەشلىرى ۋە گۈزەل ئەتىگە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرى قاتارلىق ئاشۇ يىللار رېئاللىقىدىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر تېما قىلىندى. ئۇيغۇر نەسرچىلىكى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭدا دۇنياۋى تېمىلار، مۇھىم سىياسىي، ئىجتىمائىي تېمىلار، خەلق تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېمىلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بەدىئىيلىك يېقىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا ھازىرقى زامان بەدىئىي قىلىنىڭ پاساھەتلىرى، بەدىئىيلىكنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. پىكىر، ئىدىيىلەر سىمۋوللۇق ئوبرازلار، ئىشارەتلىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىش سەۋىيىسىگە يەتتى. ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئۈنۈملۈك قوللىنىلدى. ھەتتا بۇ يىللاردىكى نەسرچىلىكىمىزدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق نەسرچىلىكنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان شېئىرىي نەسرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى شەكىللىنىشكە باشلىغاندىلا خېلى زور كۆلەم ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

50 - يىللارنىڭ كىرىشى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يېڭىچە قىياپەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەيدانغا چىقتى. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە نەسر ئىجادىيىتى ئانچە ھوسۇللۇق بولمىدى. بۇ يىللاردا گەرچە ئادەتتىكى بىر قىسىم نەسرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەسىرى بار، مۇۋەپپەق-

قىيىتتى گەۋدىلىك بولغان ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمىدى. لېكىن، سەي-
پىددىن ئەزىزى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئاپتورلارنىڭ نەسرلىرىدە
ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب،
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا، ھەرقايسى سەپلەردە قولغا كەل-
تۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
بۇنداق باش تېما ئاشۇ يىللاردىكى پۈتۈن ئىجادىيەت ئۈچۈن بىر ئورتاق-
لىق بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرۈلگەنىدى. سەي-
پىددىن ئەزىزىنىڭ بىر قاتار نەسرلىرىنىڭ قىممىتى ئانداقتۇر ئۇلاردا
ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدىيىۋى مەزمۇن ياكى دەۋر روھىدا ئەمەس،
بەلكى ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردىكى بىردىنبىر ئىجادىيەت بولغانلىقىدا،
يەنى ئىلگىرىكى مەزگىللەردىكى نەسر ئىجادىيىتى بىلەن كېيىنكى
دەۋرلەردىكى ئىجادىيەتنى باغلاپ، XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر نەسر ئىجا-
دىيىتىنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلغانلىقىدا. 60 - يىللاردا يەنە، مەرھۇم
يازغۇچى قاھار جېلىلمۇ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «قۇ-
ياش ۋە مايسا»، «باھار چېچەكلىرى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە نەسر
يازدى. «بۇ نەسرلەردىكى خۇددى لىرىك شېئىرلاردىكىگە ئوخشاش
قويۇق بولغان جۇشقۇن ھېسسىيات، لىرىك مەنزىرە، ھاياجانلىق تىل
كىتابخانلارنىڭ يۈرىكىنى ئويناتتى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدى-
كىلەرمۇ ياش نەسرچىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى زوق بىلەن تىلغا
ئېلىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل
بۆلىدىغان ھەرقانداق بىر كىتابخان قاھار جېلىلنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدا نەسر ژانىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قوشقان تۆھپىسىنى ھەر-
گىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ». (ئابلىمىت ئىسمايىل، مەخمۇتجان ئىسلام:
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى» 595 - بەتكە قارالسۇن).

70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن
تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.
ئەدەبىيات تارىخىدا «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ
ئالاھىدە ئەدەبىيات باسقۇچىدا، باشقا ئەدەبىي ژانىرلار قاتارىدا ئۇيغۇر

نەسرچىلىكىمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، ناھايىتى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى، تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، پەقەت مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىر مۇستەقىل ئەدەبىي ژانىر سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گەۋدىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دەۋر باسقۇچى نەسر ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن بىر باسقۇچ بولدى. بۇنداق گۈللىنىش ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قىسىم قابىل يازغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان نەسر يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدە ۋە ئۇلارنىڭ زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئۇنىڭ رەڭدارلىقىغا تۆھپە قوشقانلىقىدا ئىپادىلەندى. بۇ باسقۇچتا، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، سەيپىدىن ئەزىزى، قاھار جېلىل قاتارلىق يازغۇچىلار نەسر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ۋە ئۈلگە بولدى، بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مۇشۇ يىللاردا يازغان «شېئىر ۋە شائىر»، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلىرى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «خاتىرە»، «مەسەل» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان بىر تۈركۈم نەسرلىرى نەسرچىلىكنىڭ تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، شۇنداقلا نەسرچىلىكىمىزنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتىپ، مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

بۇ يىللاردا ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتى ساھەسىگە كىرىپ كېلىشى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي نەسرچىسى مەيدانغا چىقتى. ئۇ «قەلب سادالىرى»، «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم چاتما نەسرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتىپ، نەسرنى ئۇيغۇر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com